## 10326 ـ تېلېۋىزىيە، كىنو ۋە ۋىدىئو ئۈچۈن سۈرەتكە تارتىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سوئال**

مېنىڭ سۈرەت توغرىلىق بىر قانچە سوئاللىرىم بار، ھەرىكەتلىك قىسقا پىلىم ۋە كومپيۇتور ئېكرانىدا كۆرۈلىدىغان سۈرەتلەر توغرىمۇ؟، بۇ ھەقتە دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سۈرەتنىڭ بىر تۈرىگە ھۆكۈم بېرىشتىن ئىلگىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۈرەتلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنى سۈرەتكە ئېلىشنىڭ يوللىرىنى بىلىش كېرەك بولىدۇ.

"سۈرەتلەرنىڭ ھۆكمى" ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ:

1ـ كىنو ـ پىلىم سۈرەتلىرى ياكى لېنتىغا ئېلىنغان كىنو سۈرەتلىرى: بۇ ھەرىكەتلىك سۈرەتنى ئاۋازلىق ھالەتتە بەلگىلەنگەن مەلۇم مۇددەتتە، شۇ مۇددەتتە يۈزبەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى نەقىل قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، لېنتىغا ئېلىنغان بۇ سۈرەتلەر ئېكراندا كۆرۈلىدۇ، بۇ ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ كۆرۈنىشى بولۇپ، لېنتىغا ئېلىنغاندىن كېيىن بۇنىڭ ھەقىقىتى بولمايدۇ.

"ئىسلام پىرىنسىپى ۋە ئىلىم ـ پەن" ناملىق ئەسەردە، كىنونى سايە، خام ـ خىيال، قارانچۇق دەپ ئاتىغان، چۈنكى ئېكراندا كۆرۈلىدىغىنى ھەقىقىتى بولمىغان خىيال، سايىدىن ئىبارەتتۇر.

2ـ تېلېۋىزىيە سۈرەتلىرى: بۇ توك كۈچى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا سۈرەت ۋە ئاۋازنى يۆتكەشتىن ئىبارەتتۇر، بۇ قاچىلاش تاختىسىغا سۈرەتكە ئېلىشنى مەقسەت قىلغان جىسىمدىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يورۇقلۇقنىڭ تەسىرىدىن بولغان نەتىجىدۇر، بۇ تاختا غايەت زور مىقداردىكى يورۇقلۇق ئۈچۈن سېزىمچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئىنچىكە ماددىلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۇ كۆمۈش ئوكسىدى، سىيزيۇم قاتارلىق ماددىلاردىن ياسالغان بولۇپ، بۇ ماددىلارنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن ئۈزۈلۈپ تارقاق ئاپاراتلاشتۇرۇلغان.

سۈرەتلەرنىڭ بۇ تۈرى ئاپاراتلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ، بۇ لېنتىغا ئېلىنغان كىنو سۈرەتلىرىگە تامامەن ئوخشاپ

كەتسىمۇ لېكىن تېلېۋىزىيە سۈرىتى سۈرەتنى ئېلېكتىرونلۇق ئىشارەتكە يۆتكەپ، ئاندىن ماگنىتلىق ئاپپارات دولقۇنىغا يۆتكەپ بېرىدۇ، بۇ سۈرەتلەرنى تېلېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ ھاۋادىن قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ھاۋا بوشلۇقى ئارقىلىق ئەۋەتىدۇ ياكى ماگنىت يالىتىلغان ھاۋا دولقۇنلىرىنى ساقلاشقا خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، ماگنىتلىق ماددىلارنىڭ ئۆزگىرىش شەكلى بويىچە ئەۋەتىلگەن دولقۇنلارنى ساقلايدىغان ماگنىت يالىتىلغان پلاستىك لىنتىگە ئەۋەتىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن لېنتىغا قاچىلانغان نەرسىلەر ھاۋا دولقۇنلىرى قاچىلانغاندىن كېيىن مۇستەھكەم تەكشۈرۈش ئورنىدىن ئۆتىدۇ ۋە يەنە بىر قېتىم ئېلېكترونغا ئۆزگىرىدۇ ئاندىن ئۇنىڭ سۈرەت شەكلىدە كۆرۈنىشى ئۈچۈن ئۇنى كۆرسەتكۈچى ئاپارات شەكلىدە ئېكرانغا ئەۋەتىدۇ، لېكىن بۇ مۇرەككەپ ھەرىكەتلەردىن كېيىن بولىدۇ.

تېلېۋىزىيە ئاپاراتى ئېلېكترونلۇق دولقۇنلارنى قوبۇل قىلىدۇ، توپلايدۇ، ئاندىن ئۇنى مۇكەممەل كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغان سۈرەت شەكلىدە سىستېمىلىق چىقىرىدۇ. بۇ يەردە مۇشۇ سۈرەتنىڭ بىر قىسمى دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان يەنە بىر تۈر بولۇپ، بۇ سانائەت تەرەققى قىلغان بەزى دۆلەتلەردىكى سۆزلىگۈچىنىڭ ئاۋازى ۋە سۈرىتىنى بىرگە يەتكۈزىدىغان، ئىككى تەرەپتىكى ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئاپاراتىدا قارشى تەرەپنى كۆرۈپ تۇرىدىغان تېلېفون ئاپپاراتىغا ئوخشايدۇ.

يەنە ئۆينىڭ ئىشىكلىرىگە قوراشتۇرۇلغان ئاپاراتلارغا ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئاپاراتلار سىرتتىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ۋە سۈرىتىنى ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئاپاراتقا يەتكۈزىدۇ، بۇنى ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرغانلار ئوچۇق كۆرىدۇ، بۇ بانكىلار، مەركىزى تىجارەت ئورۇنلىرى ۋە باشقا ئورۇنلاردا باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئوغرىلىۋالىدىغان جىنايەت گۇماندارلىرىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئاپاراتلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

بۇ تۈرلۈك مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاپاراتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، كۆزىتىش ئاپپاراتى كۆزىتىشنى مەقسەت قىلغان ھەممە ئورۇننى كونترول قىلىدۇ، بۇ ئاپپارات چۈشكەن سۈرەتلەرنى تېلېۋىزورغا ئوخشاش ئاپپاراتنىڭ ئېكرانىغا يۆتكەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدا سۈرەت روشەن ئىپادىلىنىدۇ، ھازىرقى كۈنلەردە يېڭى-يېڭى نەرسىلەر مەيدانغا كەلمەكتە، كەلگۈسىدە يەنە قانداق نەرسىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز، بۇ مەلۇم بىر نەرسىنى بىلدۈرسىمۇ، بۇ كەلگۈسىدە نۇرغۇن ئورۇنلاردا ھەرىكەتلىك ۋە ھەرىكەتسىز يۇقىرى تېخنىكىدىكى سۈرەتلەرنى كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بولۇپمۇ سانائەت، ھەربى تېخنىكا، بىخەتەرلىك، تەلىم-تەربىيە، تىببى ئورۇنلار، ئىجتىمائىي ئورۇنلار ۋە باشقا جايلاردا بۇنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. [ئەھمەد ئىبنى ئەلى ۋاسىلىنىڭ"سۈرەتنىڭ ھۆكۈملىرى" ناملىق ئەسىرى 65-67-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ھازىرقى زاماندىكى سۈرەتلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى: ھېچ قانداق تاشقى كۆرۈنۈش، قىياپىتى، مەنزىرىسى بولمايدىغان، ماڭا سۆزلەنگەن ۋېدىيو لىنتىسىدىكى سۈرەتلەردەك بولسا بۇنىڭغا مۇتلەق ھۆكۈم بېرىلمەيدۇ، مۇتلەق چەكلەنگەن ھارامنىڭ قاتارىغىمۇ كىرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۈردىكى ئاپپارات بىلەن سۈرەت تارتىشنى چەكلىگەن ئۆلىمالار بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىپ بولىدۇ دېگەن، ھەتتا مەسچىتتە

سۆزلەنگەن دەۋەت نۇتۇقلىرىنىمۇ سۈرەتكە ئالماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان، چۈنكى بۇنداق قىلىش مەسچىتتە ناماز ئوقۇۋاتقانلارنىڭ دىققىتىنى چاچىدۇ ياكى قىياپەت، كۆرۈنۈش سۈرەت قىلىشقا لايىق بولمايدۇ دەپ قارىغان.

ئىككىنچى: رەسىم قەغىزىدىكى ئۆزگەرمەس سۈرەت: بۇنىڭغا قاراپ چىقىش كېرەك، ئىنسان چەكلەنمىگەن شەكىلدە رەسىم تارتماقچى بولسا، بۇنىڭغا شۇ ئىنساننىڭ رەسىم تارتىشتىكى مەقسىتى بويىچە بەش تۈرلۈك ھۆكۈمنىڭ بىرسى ئىجرا قىلىنىدۇ، رەسىم تارتىش چەكلەنگەن نەرسىنى مەقسەت قىلىپ تارتىدىكەن ھارام بولىدۇ، زۆرۈر بولغان نەرسىنى مەقسەت قىلىپ تارتىدىكەن ۋاجىپ بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا خاس بولغان ھەرىكەتلىك سۈرەتلەرنى تارتىش زۆرۈر بولىدۇ، مەسىلەن: بىر ئادەم قەستەن ئادەم ئۆلتۈرمەكچى ياكى ئۆلتۈردى، بۇنىڭ جىنايىتىنى نەخ مەيدان سۈرىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىمىسا ئىسپاتلىغىلى بولمايدىغان ۋاقىتتا سۈرەتكە ئېلىۋېلىش ۋاجىپ بولىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش سۈرەت بىلەن ئىسپاتلىمىسا ئىسپاتلىغىلى بولمايدىغان ئىشلاردا سۈرەت قالدۇرۇش زۆرۈر بولىدۇ. بولۇپمۇ مەسىلىلەرنى تولۇق بېكىتىشتە سۈرەتكە تايىنىش مۇھىم بولىدۇ، چۈنكى مەسىلىلەرگە مەقسەتكە قاراپ ھۆكۈم بېرىلىدۇ، بىز مۇشۇ سۈرەتنى بىر كىشىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن جىنايەت بىلەن تۆھمەت قىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىلغان دەپ قارىساق، بۇنىڭدا گۇناھ بولمايدۇ بەلكى شۇنداق قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەمما سۈرەتلەرنى ھۇزۇرلىنىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن تارتساق ئۇ ۋاقىتتا مۇتلەق چەكلىنىدۇ. ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر". "شەرھىل مۇمتىئ"2-توم 197-199-بەت.